# ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدا ئۈمىد بارمۇ؟




ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت

**(2010.4.29)**

تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ... تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلىچەك ئەۋلادىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە، تارىخىلىق ۋە جانلىق جەھەتتە قىپسىلىقا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇھتەھكەم ۋاستىدۇر.

ـك. د. ئۇشىنسكىي

ئانا تىل مىللەت مەۋجۇتلىقىنىڭ يىلتىزى، ئانا تىلنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش،

راۋاجلاندۇرۇش، ئەنە شۇ تىل ئارقىلىق تىلى چىققان ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئولىيتى، بۇرچى شۇنداقلا ئانا تىل ئالدىدىكى قەرزى. بىر نىمىس ئالىمى شۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ روھى، بىر مىللەتنىڭ روھى شۇ مىللەتنىڭ تىلىدۇر.»

ـ غالىپ بارات ئەرك

يېقىندىن بېرى كاللامغا كۆپ خىياللار كىرىۋالدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ خىياللارنىڭ پەيدا بولىشى مەن ئەمىلىي تۇرمۇش جەريانىدا يۇلۇققان ئىش-ھادىسىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە.

بۇ خىياللار ئاساسەن مەن ئالدىنقى قېتىم يازغان «كىتاب كۆرمەيدىغان ئۇيغۇرلاردىن كىتابخۇمار ئۇيغۇرلارغىچە»، «'مىنكاۋخەن'دىن 'مىنكاۋمىن' غىچە»، بۇ قېتىم يازماقچى بولغان مەزكۇر تېمام « ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدا ئۈمىد بارمۇ؟»، ھەمدە ئالدىمىزدا يازماقچى بولغان تېمىلىرىمدىن «بىزدىكى ئۇچۇر ئۇقۇمى ۋە ئۇچۇرلار»، «ئۇيغۇرلاردا ماركا ئۇقۇمى»، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ئۇيغۇرلار نېمىگە مۇھتاج؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىياللار مېنىڭ مېڭەمنى قوچۇپ، ئولتۇرسام قوپسام نىرۋىلىرىمنى چىرماپ، مېنى مۇشۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشكىلا ئۈندەۋاتىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت تۈپەيلى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ماقالەمنى يېزىشتىمۇ ھېچ بىر ئىش باشلىيالماي يۈرۈيمەن(ئىش باشلاي دېسەممۇ كاللامدىكى بۇ خىياللار مېنى ئارامخۇدا ماقالەم تېمىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا يول قويمايۋاتىدۇ.)

ئۇنداق بولسا ئەسلى تېمىغا قايتىپ كېلەيلى، بەلكىم ئوقۇرمەنلىرىمىز مېنىڭ بۇ قويغان غەيرىي تېمامنى كۆرۈپ مەندىن: «ھوي، كاللاڭنىڭ سۈيى بارمۇ، سەن

بىزنىڭ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنى سۆكۈپ يۇرمەكچىمۇ؟»، ۋە ياكى «سەن بىرەر ئورۇننىڭ ئاتامىنىمىتىڭ؟»، «سەن ھەر قانچە قىلساڭمۇ بەربىر بىكار، پەلەك چاقى ئۆزى چۆرگىلىمىسە بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، شۇڭا ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئۇستىدە باش قاتۇرغىچە بېرىپ ئومچىڭنى ئىچىپ، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ كۈنىڭنىڭ خاتىرجەم ئۆتكەنلىكىگە قانائەت قىلىپ يۇرسەڭ بولمامدۇ؟...» دېگەندەك سۇئاللارنى قويىشى مۇمكىن، ئەگەر سىز بۇ سۇئاللارنى قويۇشنى ئويلاۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىش ئارقىلىق سىزنىڭ پىكىر-خىيالىڭلارنى ئاز-تولا قىمىرلىتالىغانلىقىمنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. كېسەلنى يۇشۇرغان بىمار ياخشى بىمار ئەمەس، ئاخىرى زىيان تارتىدىغىنى دوختۇر بولماستىن بەلكى ئۆز كېسلىنى يۇشۇرغۇچى بىماردۇر. ئەگەر يۇقىرىقىدەك پىكىردىكى ئوقۇرمەنلەر بولسا مەن سىلەر بىلەن پىكىرلىشىشكە ھەر ۋاقىت تەييار. بىزدە مۇنداق بىر ئاقىللار سۆزى بار: «كەتمەننى قانچە كۆپ ئىشلەتسەڭ، ئۇ شۇنچە ئىتتىكلىشىدۇ.» دەيدىغان. كىچىكىمدە بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىسام دائىم «كەتمەن دېگەن تۆمۈر تۇرسا، بىز كەتمەننى ئىشلەتسەك توپىدا ئىشلىتىدىغان تۇرساق، قانداقسىگە توپا ئاشۇ تۆمۈر كەتمەننى ئىتتىكلىتەلىسۇن؟» دېگەن سۇئاللار نىرۋىلىرىمغا تەسىر قىلىپ، مېنى چوڭقۇم مۇشۇ سۇئالنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئۈندەيتتى، ھەمدە مەن ئەمىلىيىتىمدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۆيدىكى ئىككى كەتمەننىڭ بىرىنى بىكار قويماي ئىشلىتىپ، يەنە بىر كەتمەننى ئىشلەتمەي بىكار قويۇپ باققان، ئەمىلىيەت شۇنى ئىسپالىدىكى، بىكار قويۇپ قويغان كەتمەندىن ئىشلەتكەن كەتمەن چېپىشلىق بولۇپ چىقتى. گەرچە ئەمىلىيەت شۇنداق تۇرسىمۇ مەن يەنىلا بۇ گۆدەكلەرچە تۇغۇلغان سۇئالنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم.

ئەمدى ئويلىسام، ئەسلى ئىشلەتكەن كەتمەن دائىم ئىشلەتكەنلىك سەۋەبىدىن داتلاشماي، پاكىزە تۇرغانلىقى ئۈچۈن چىپپىشلىق بولىدىكەن. لېكىن كەتمەننى ئىشلەتمەي قويۇپ قويغاندا ئۇ داتلىشىپ ئۆتمەس بولۇپ قالىدىكەن.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ بۇ قاپاق كاللىمىزمۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانچە-مۇنچە پىكىر يۈرگۈزسە، مۇلاھىزە قىلسا شۇنچە ئۆتكۈرلىشىپ ماڭىدىكەن، ھەرگىز «داتلاشمايدىكەن». شۇڭا مەن ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە دائىم دېگۈدەك تۇرمۇشتا يولۇققان ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈنمۇ كۆپ ئويلىنىغان بولۇپ قالدىم، شۇ سەۋەبتىنمىكىن كاللامدا «دۆۋىلىنىپ» كەتكەن «كىتاب كۆرمەيدىغان ئۇيغۇرلاردىن كىتابخۇمار ئۇيغۇرلارغىچە»، «'مىنكاۋخەن'دىن 'مىنكاۋمىن' غىچە»، « ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدا ئۈمىد بارمۇ؟»، «بىزدىكى ئۈچۈر ئۇقۇمى ۋە ئۈچۈرلار»، «ئۇيغۇرلاردا ماركا ئۇقۇمى»، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ئۇيغۇرلار نېمىگە مۇھتاج؟» دېگەن تېمىدىكى خىياللار مېڭەمنى ئۈماچ قىلىۋەتكىلى تۇردى. مېڭەمنىڭ تولا ئويلاپ «ئوماچ» بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇ تېمىلار ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ قالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مۇشۇنداق قىلىپ ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ قالدۇرسام بەلكىم بۇ مەسىلىلەرنى داۋاملىق ئويلىماي، يېڭى-يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشۇم مۇمكىن.

ئۇنداق بولسا مەن سوئالنى قايتىدىن قوياي، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدا ئۈمىد بارمۇ؟



مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. دىققەت مەن ئۈمىد يوق دېمىدىم،

بەلكىم چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ دەۋاتىمەن. مەن بۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسام، بۇنداق تومتاقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان داڭقان پۈتى كۆز قاراشلارغا ھېچكىم ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، بۇنىڭغا چۈقۇم بىر تۇتامغا چىققۇدەك سەۋەب بولۇشى كېرەكتە.

ئۇنداق بولسا مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمنى بەزىبىر كونكىرت مىساللارنى ئېلىپ چۈشەندۈرەي.

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدا ئانچە چوڭ ئۈمىد يوق. ھازىر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى خۇددى شالتاقتا ياماشقا چۈشىدىغاندەك ساپلا رومان، پوۋېست، ھېكايىلەرنى نەشىردىن چىقىرىشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، سىز بىرەر پارچە ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئەسەر يېزىپ، ئۇنىڭغا «رومان»، «پوۋېست» دېگەن خەتلەرنى قالدۇرماي يۇغان قىلىپ يېزىپ نەشرىياتقا ئاپارسىڭىز، ئۇلار ئالدىڭىزغا يۈگۈرەپ چىقىپ، قوش قوللاپ قوبۇل قىلىپ نەشىردىن چىقارسا چىقىرىدۇكى (ھەتتا بەزىدە مۇشۇ رومان دېگەننى نەشرىياتلار تالىشىپمۇ قالامدىكىن دەيمەن)، نەشىردىن چىققان رومانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ زادى قانداق نەشىردىن چىققانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ، «رومان» دەپ ئىسىم قويغان بەزى كىتابلارنى ئادەم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئاشۇ «رومان» يازالىغان ئاپتورلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسىدىن گۇمانلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇلار قىسقىسى ئەسەرنى ژانىرغا بۆلۈشنىمۇ بىلمەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. «زادى قانداق بولسا رومان بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغىمۇ جايىدا، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەمدىكىن دەيمەن. داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزدىن جالالىدىن بەھرامدەك، روزى سايىتتەك، ئەخەت تۇردىدەك ھەقىقىي تۈردە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. ئەگەر سىز يازغان ئوخشاش بىر پارچە «ئەسەر»نىڭىزگە «ئىلمى ماقالە»،

«مۇھاكىمە ماقالىسى»، «دەرسلىك»، «مۇلاھىزە» ... دېگەندەك ئىقتىساد، ئىلمى ماقالە، تېخنىكىلىق ماتېرىياللار(مەسىلەن ئەڭ ئەقەللىسى كومپيۇتېر ھەققىدىكى ئىلمى ماقالىلەر، تېخنىكىلىق ماتېرىياللار) ھەققىدىكى تېمىلارنى قويۇپ ئاپارسىڭىز ئۇلار بۇنداق ماتېرىياللارنى نەشىردىن چىقىرىشقا سەل قارايدۇ ياكى نەشىردىن چىقارمايدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ بۇنداق «ئىلمى ماقالە»، «مۇھاكىمە ماقالىسى»، «دەرسلىك»، «مۇلاھىزە» ...... دېگەندەك تېما قويۇلغان كىتابلارنى نەشىردىن چىقارسا «پۇل تاپقىلى بولمايدۇ.» نەشرىيات رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىدا مۇنداق بىر مەسىلە مەۋجۇت، ئۇلار «بۇنداق ئىقتىساد، ئىلمى ماقالە، تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى نەشىردىن چىقارساق ئۇلارنىڭ بازىرى بولمايدۇ، رومان، پوۋېستتەك تېز بازار تاپمايدۇ، خەلق بۇنداق ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇمايدۇ. شۇڭا سالغان دەسمايىگە چۈشلۈق دەرمان يوق.» دەپ قاراپ، بۇنداق ماتېرىياللارنى نەشىردىن چىقىرىشنى ئاساسەن قوللاپ كەتمەيدۇ. خەنزۇچە شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا قارايدىغان بولساق ھەممىدىن قايسى تۈردىكى كىتابلار كۆپ؟ ئەلۋەتتە ئىقتىسادقا، كومپيۇتېر بىلىملىرىگە، باشقۇرۇش ئىلمىگە ئائىت ئىتاپلار ئەڭ كۆپ، ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇرچە كىتابخانىلىرىمىزدىچۇ؟؟؟

شەندۇڭ ئۇنۋېرسىتېتىدا بىر دوستىمىز بولىدىغان، ئۇ ھازىرقى ئۇچۇر ئىلمىدە ئىشلىتىلىشى ئەڭ ئومۇملىشىپ كېتىۋاتقان ھەم كەلگۈسىدىكى كومپيۇتېر دىتاللىرىنى تۈزۈشتە مۇھىم ئورۇننى ئالىدىغان Java تىلى ھەققىدە كىتاب تۈزگەن بولۇپ، ئۇنى نەشىردىن چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ جاپالارنى چەككەن، ئۇنىڭ بۇ ماتېرىياللىرى ئاخىرى شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ نەشىردىن چىقىرىشقا قوشۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولۇپ، نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدىغۇ دەيمەن، لېكىن باشقىلاردىن ئاڭلىسام ئۇ دوستىمىز مۇشۇ

پۇرسەتكىمۇ ئاسان ئېرىشمەپتۇ، بۇ دوستىمىز كومپيۇتېر ساھەسىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە تەتقىقاتچىمىز ئۇيغۇر سوفت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئالىم ئەخەت مۇئەللىم قاتارلىقلار بىلەن كۆپ ئالاقىلىشىپ ئاران دېگەندە بىر بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىپتۇ.

**1. ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىن بىر كۆرۈنۈش**

ماقالىمىزنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدە مەن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە يۇلۇققا مۇنداق بىر ئىش (دەل مەزكۇر ماقالە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا سەۋەب بولغان ئىش) ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەي. بۇ ئىشلارمۇ مېنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا كەم ئۇچرايدىغان سەۋەبلەر(پاكىت) بىلەن تەمىنلىدى. ئەمىلىيەتتە مەن كۆز قارىشىمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. ئەپسۇس، بۇ كۆز قارىشىم ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، توغرىلىق نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ قالدى.

مەن بۇ قېتىم يۇرتتىن مەكتەپكە قايتىش يولىدا، ئۈرۈمچىدە ئۈچ كۈن توختاپ قالدىم، ھەمدە ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى بولتۇر تەرجىمە قىلىپ نەشىردىن چىقىرىشنى پىلانلىغان «باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن ( 富爸爸提高你的财商)» نى نەشىردىن چىقىرىش ھەققىدە نەشرىيات بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ (مەن ھازىر بىر ئوقۇغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن مەندە بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقارغۇدەك ئىقتىساد يوق، شۇڭا نەشىر ھوقۇقىنى نەشرىياتقا بېرىپ نەشىردىن چىقارسام زادى نېمە رەسمىيەتلەرنى ھازىرلىشىم كېرەك؟ دېگەنلەرنى بىلىش ئۈچۈن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا بېرىپ، بۇ يەردە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم

(ئەمىلىيەتتە بۇ بۆلۈم باشلىقى ئەڭ ئەقەللى باشقىلارنى قوبۇل قىلىش، كۈتۈۋېلىش ئەخلاقىنىمۇ بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلىپ باقمىدى، مەنغۇ ئادەتتىكى ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان بىر ئاددىي دېھقان ئوغلى، بۇنداق ئىشلار بىلەن پەرۋايىم پەلەك، لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئىچكىرىلەردە ھەر چوڭ ئورۇنلاردىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئەقەللىسى مەن ئوقۇش پۇلۇمنى ۋاختىدا تۆلىيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئوقۇش پۇلۇمنى ۋاختىنچە تۆلەشكە قۇربىم يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپ بارغاندىمۇ ئاشۇ چوڭ جاينىڭ باشلىقىمۇ مېنى «قانداقتۇر بىر ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمىغان، كۆتى ئۈچۈق دېھقان ئوغلىكەن.» دەپ قارىماستىن بەلكى مېنى شۇنداق ئىللىق كۈتۈۋالغان، مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۇ خەنزۇ باشلىق مېنى ئاۋال ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ماڭا ئىسسىق قايناق سۇ قۇيۇپ بېرىپ ناھايىتى ئەستايىدىل ھالدا ھال-ئەھۋالىمنى ئاڭلىغان، مەن بۇ يەردە بۇنى پەش قىلماقچى ئەمەس، لېكىن ئاشۇ دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىدىكى بىر يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئەمەلدارىمۇ بىزدەك «بۈگۈنگە تاپسا ئەتىسىگە يوق، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن ھالىغا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن.» دەپ كېلىۋالغان دېھقان ئوغلىغىمۇ سەل قارىماي ناھايىتى ئىللىق كۈتۈۋالغان يەردە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقى ئۇيغۇر تۇرۇپمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئەقەللى بولغان باشقىلارنى قانداق كۈتۈش ھەققىدىكى ئەخلاق ساۋادىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن قىزغىن، سەممىي، خوش-پېئىل دەپ ئاتىلىپ كەلگەنغۇ؟ بىزنىڭ مىللىتىمىز ئاشۇ بۆلۈم باشلىقىدەك مېھمان كۈتۈپ

يۇقىرىقىدەك باھالارغا ئېرىشكەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس....)

مەن بۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن، كېلىش مەقسىتىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم (ئۇنىڭ ئالدىدا ئودا بىزنىڭ پاراڭىمىز تۆگىگىچە ئۆرە تۇرۇپ چىقتىم.) ئۇ «باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن (富爸爸提高你的财商 )» (مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى تۆت بابىنى بىز توردا ئېلكىتاب قىلىپ تورداشلارغا تەمىنلىگەن، كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ.) نىڭ بېسىپ چىقىرىلغان نۇسخىسىنى قولىغا ئېلىپ ئانچىكى ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن خەنزۇچە نەشىردىن چىققان كىتابنى كۆرۈپلا، ماڭا «چەتئەل كىتابلىرىنى نەشىردىن چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك.» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. مەن مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى بىلەن ئالاقىلاشقانلىقىمىزنى ئېيتتۇقىدىم (شۇنداق بۇ مەسىلىنى بىز بۇرۇنلا ئويلاشقان، شۇڭا بىز مەزكۇر كىتابتا قالدۇرۇلغان ئېلخەت ئادرىسى بويىچە ئۇلارغا ئېنگىلىزچە خەت يېزىپ ئۇلارنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرگەن. ئۇلار بىزنىڭ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىمىزدىن ناھايىتى خۇرسەن ئىكەنلىكىنى بۇ كىتابنى قەيەردە نەشىردىن چىقارماقچى ئىكەنلىكىمىزنى، نەشىردىن چىقىرىدىغان ئورۇننىڭ ئىسمى، نەشىردىن چىقارماقچى بولغان تىراژى قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ئەينى ۋاقىتتا تېخى نەشرىيات بىلەن ئالاقىلاشمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىلاجسىز قالغان.)

تۆۋەندىكىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئېلخەت مەزمۇنى:

بىرىنچى پارچە خەت:

Hello, Dear Kiyosaki :

I am your "Rich Dad"s favorite reader ~ I like very much to

read your book ~

I had been read your recently published "Rich Dad's Increase Your Financial IQ" . This is the English version of this book ~ then translate to other languages in order that more people can read your book。

I had been translated your book as "Uyghur" language and want to published . So I would like to obtain your permission Please ~

I am a student, sincerely hope that you can allow me to published Please, thank you very much ~

قايتۇرما جاۋاب:

Good afternoon Romantik,

Thank you for your interest in partnering with the Rich Dad Company. Your request has been submitted to our international division for review. If an opportunity exists you will be contacted for further information.

Thank you again for your interest, and for your support of the Rich Dad Message.

Nick Murphy

The Rich Dad Company

4330 N. Civic Center Plaza Suite 100

Scottsdale, AZ 85251

يەنە بىر قايتۇرما جاۋاب خەت:

Dear Sir,

My name is Todd Stapley and I handle all of the international licensing of Rich Dad books. I understand that the Uyghur language is currently spoken and read by over 20 million people world-wide. Can you please send me additional information about your publishing company, what region or regions you intend on publishing and distributing, book market share you currently have in your region, and possible marketing and distribution strategies within your region or requested regions.

I look forward to hearing from you.

Thanks and Regards,

Todd Stapley

International Business Manager

The Rich Dad Company

4330 N. Civic Center Plaza

Scottsdale, AZ. 85251

Tel 480-998-6971

Fax 480-348-1349

A new book project from Robert Kiyosaki:

Conspiracy of the Rich:

The 8 New Rules of Money

FREE…online at www.conspiracyoftherich.com

Dear sir

How are you doing ?

I beg your pardon, I am obtaining the information you want to know and I will reply you soon …

kamali

Thank you Kamali. I look forward to your response.

Best Regards,

Todd Stapley

International Business Manager

The Rich Dad Company

4330 N. Civic Center Plaza

Scottsdale, AZ. 85251

Tel 480-998-6971

Fax 480-348-1349

بۇ بۆلۈم باشلىقى «سەن تەرجىمە قىلغان كىتاب چەتئەلنىڭ كىتابى ئىكەن، بۇنداق كىتابلار ئۇيغۇرلارغا ماس كەلمەيدۇ، قىسقىسى ئۇيغۇرلار چەتئەلنىڭ كىتابىغا مۇھتاج ئەمەس... » دېگەندەك نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرى ئۇ مۇنۇ سۆزنى ئۈنتۈپ قالماي قېتىپ قويدى: «بىز بۇ كىتابنى نەشىر قىلدۇرۇشقا پۇل چىقاردۇق دېگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق كىتابنىڭ بازىرى بولمايدۇ، بىزنىڭ مىللىتىمىز بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇمايدۇ... »

ۋاھ قاراڭ بۇ سەۋەبلەرگە.

ئەجبا بىز ئۇيغۇرلار راستىنلا چەتئەلنىڭ كىتابلىرىغا مۇھتاج ئەمەسمۇ؟ ئەجبا پۈتكۈل دۇنيادىكى كىشلەر ياقتۇرۇپ كۆرگەن ماتىرىياللارنى ئۇيغۇرلار كۆرسە بولمامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ سىز ئەتراپىڭىزدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىغا بېرىپ كۆز تاشلاپ بېقىڭ، كىتابخانىدا چەتئەلنىڭ تەرجىمە رومانلىرىدىن قانچىلىك، تەرجىمە پوۋېستلىرىدىن قانچىلىك بار ئىكەن؟ قارايدىغان بولسىڭىز كىتابخانىدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلار يازغان رومان، پوۋېستلارغا قارىغاندا چەتئەل يازغۇچىلىرى يېزىپ چىققان ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان رومان، پوۋېست كۆپ.

ئاپتۇر روبېرت كىيۇساكىنىڭ ئىلگىرى نەشىردىن چىققان كىتابلىرىدىن «باي دادام نامرات دادام»، «باي دادا مالىيە ئەركىنلىك يولى» دېگەن كىتابلار نەشىردىن چىقىپ ئاشۇ «چەتئەل كىتابلىرىغا مۇھتاج بولمىغان ئۇيغۇلار» بازىرىدا شۇنداق يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، ئەمدى ئاشۇ كىتابلارنىڭ داۋامى بولغان مۇنۇ «باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن ( 富爸爸提高你的财商)» ئۇيغۇرلار ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ شىنخۇا كىتابخانىلىرىمىزدا ھەر چوڭ توم-توم بولۇپ كىتابخانىنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغان جايلىرىدا تىزىقلىق تۇرغان چەتئەلنىڭ رومان، پوۋېستلىرىغا ئۇيغۇرلار ئېھتىياجلىق ئىكەنۇ ئەمدى مۇنۇ تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىقتىسادقا ئائىت مەزمۇندىكى كىتابقا ئۇيغۇرلار ئېھتىياجلىق ئەمەسمىكەن؟ ئەگەر ئاۋۇ بۇلۇم باشلىقى «باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن ( 富爸爸提高你的财商)» ناملىق بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئاز-تولا ئوقۇپ باققان بولسا ئىدى كاشكى، لېكىن ئۇ بۇنداق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن كىتابنىڭ ئىسمىغا قاراپلا «سېنىڭ تەرجىمە قىلغىنىڭ چەتئەلنىڭ كىتاب ئىكەن، ئۇنداقچى، مۇنداقچى» دەپ باھانە سەۋەب كۆرسەتسە،

بىزدەك تېخى مەكتەپ قويىندىن ئاجرىمىغان، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ بوسۇغىسىدىن قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان بالىلارغا قانداق قىلىش ھەققىدە يول كۆرسەتمەي، ئەكسىچە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاز-تولا ئىش قىلايلى دەپ بىر نىيەتكە كەلگەنلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ يۈرسە بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟ قىسقىسى بىزنىڭ مىللىتىمىز، رايونىمىز تەرەققىي قىلىپ يۈكسەلمىسە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ، تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قېلىپ، دائىم دۆلىتىمىزنىڭ GDP نىڭ ئېشىشىغا تەسىر قىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان نەشرىياتلارنىڭ ھالى مۇشۇنداق تۇرسا، بىزدە يەنە «يۈكسىلىش» دېگەن ئۇقۇمدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ (نەشرىياتلار يۇرتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن قېرىنداشلار بولسا، مېنىڭ يازماقچى بولغان كېيىنكى تېمىلىرىمنىڭ بىرى «ئۇيغۇرلار نېمىگە مۇھتاج» دېگەن ماقالەمگە دىققەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.) مەن ئۇ بولۇم باشلىقىنىڭ بۇ كۆرسەتكەن سەۋەب-باھانىسىنى ئاڭلاپ ئىچىمگە ئۈچىيىم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلكە كىرىۋالدى. شۇڭا مەن ئىچىمدە: « باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن ( 富爸爸提高你的财商)» بۇ چەتئەللىك يازغان كىتاب بولسا ئۆز دۆلىتىمىزدىكىلەر يازغان ماتېرىيالغا نېمە دەيدىكىن؟» دەپ ئويلاپ يەنىلا ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەرجىمە قىلىپ چىققان دوكتور لى كەيفۇنىڭ «جوڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا يېزىلغان خەت (写给中国学生的信)» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىسىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ بېسىپ چىقىرىلغان ماتېرىيالىنى بۇ بولۇم

باشلىقىغا بەرسەم ئۇ ماتېرىيالنى كۆرمەي تۇرۇپلا، ئىسمىنىلا كۆرۈپ: «بۇ ماتېرىيالنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، ئەگەر سىز **2005**-يىلى ئەكەلگەن بولسىڭىز بىز نەشىردىن چىقارغان بولاتتۇق، لېكىن بۇ ماتېرىيالنىڭ ھازىر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. يەنە كېلىپ لى كەيفۇنىڭ خەنزۇچە كىتابلىرى بار، ئۇنىڭ ماقالىسى ياخشى ئەمەس.» دېمەسمۇ، مېنى تېخىمۇ كۈلكە تۇتتى. دوكتۇر لى كەيفۇ «جوڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا يېزىلغان خەت (写给中国学生的信)» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىسىنىڭ بىرىنچى پارچىسىنى گەرچە **2000**-يىلىدىن باشلاپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى **7**-پارچىسىنى **2008**-يىلى **12**-ئايدا تاماملىغان. بۇ خەت جەمئىي **7** پارچە بولۇپ، ئەلسۈي تەرجىمە گۇرۇپپىمىز ھازىرغىچە ئالتە پارچىسىنى تولۇق تەرجىمە قىلىپ بولدى، يەتتىنچى پارچىسى تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. ئالدىنقى بەش پارچىسى ئاللىبۇرۇن تەھرىرلىك خىزمىتىدىن ئۆتۈپ، ئېلكىتاب قىلىپ توردا تولۇق تارقىتىلدى.

دوكتۇر لى كەيفۇ نىڭ بۇ يەتتە پارچە خېتىنىڭ ھازىرغا قەدەر توردىكى كۆرۈلۈش سانى ئىزچىل ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

تۆۋەندە ئۇنىڭ يەتتە پارچە خېتىنىڭ سىنا توردىكى دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ بلوگىدىكى ۋە دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ مەخسۇس ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قۇرغان «مەن ئۆگىنىمەن تورى(www.5xue.com)» دىكى كۆرۈلۈش سانى ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە (**2010**-يىلى **4**-ئاينىڭ **29**-كۈنى) بولغان زىيارەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

بىرىنچى پاچە خەت: «سەمىمىيلىكتىن باشلاش (从诚信谈起)» ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2000**-يىلى **4**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **89795** ئادەم قېتىم.

«مەن ئۆگىنىمەن» تورىدىكى كۆرۈلۈش سانى: 49009 ئادەم قېتىم

ئىككىنچى پارچە خەت: «ئەلالىقتىن ئىلغارلىققىچە (从优秀到卓越)» ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: 2003-يىلى 12-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: 62298 ئادەم قېتىم

«مەن ئۆگىنىمەن» تورىدىكى كۆرۈلۈش سانى: 36169 ئادەم قېتىم

ئۈچىنچى پارچە خەت: «مۇۋاپىقىيەت، ئۆزىگە ئىشىنىش، خوشاللىق (成功、自信、快乐)» ئالدىنقى يېرىمى بۆلىكى، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: 2004-يىلى 5-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: 58287 ئادەم قېتىم

«مەن ئۆگىنىمەن» تورىدىكى كۆرۈلۈش سانى (پۈتۈن قىسمى): 33500 ئادەم قېتىم

ئۈچىنچى پارچە خەت: «مۇۋاپىقىيەت، ئۆزىگە ئىشىنىش، خوشاللىق (成功、自信、快乐)» كېيىنكى يېرىمى بۆلىكى، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: 2004-يىلى 5-ئاي

كۆرۈلۈشى: 48601 ئادەم قېتىم

تۆتىنچى پارچە خەت: «ئالىي مەكتەپ تۆت يىللىق ھاياتىنى مۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەك (大学四年应该这样度过)» ئالدىنقى يېرىمى بۆلىكى، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: 2005-يىلى 2-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: 84032 ئادەم قېتىم

«مەن ئۆگىنىمەن» تورىدىكى كۆرۈلۈش سانى (پۈتۈن قىسمى): 48006 ئادەم قېتىم

تۆتىنچى پارچە خەت: «ئالىي مەكتەپ تۆت يىللىق ھاياتىنى مۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەك (大学四年应该这样度过)» كېيىنكى يېرىمى بۆلىكى، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: 2005-يىلى 2-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **61823** ئادەم قېتىم

بەشىنچى پارچە خەت: «سىزنىڭ تاللاش ھوقۇقىڭىز بار (你有选择的权利)»

ئالدىنقى يېرىم بۆلىكى، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2005**-يىلى **12**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **55859** ئادەم قېتىم

«مەن ئۆگىنىمەن» توربىكى كۆرۈلۈش سانى (پۈتۈن قىسمى): **35752** ئادەم قېتىم

بەشىنچى پارچە خەت: «سىزنىڭ تاللاش ھوقۇقىڭىز بار (你有选择的权利)»

كېيىنكى يېرىم بۆلىكى، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2005**-يىلى **12**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **32809** ئادەم قېتىم

ئالتىنچى پارچە خەت: «تاللاش ئىدراكى (选择的智慧)» **1**- بۆلەك، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2006**-يىلى **9**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **88603** ئادەم قېتىم

«مەن ئۆگىنىمەن» توربىكى كۆرۈلۈش سانى (پۈتۈن قىسمى): **23923** ئادەم قېتىم

ئالتىنچى پارچە خەت: «تاللاش ئىدراكى (选择的智慧)» **2**- بۆلەك، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2006**-يىلى **9**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **42002** ئادەم قېتىم

ئالتىنچى پارچە خەت: «تاللاش ئىدراكى (选择的智慧)» **3**- بۆلەك، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2006**-يىلى **9**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **32670** ئادەم قېتىم

ئالتىنچى پارچە خەت: «تاللاش ئىدراكى (选择的智慧)» **4**- بۆلەك، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2006**-يىلى **9**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **35114** ئادەم قېتىم

ئالتىنچى پارچە خەت: «تاللاش ئىدراكى (选择的智慧)» **5**- بۆلەك، ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2006**-يىلى **9**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **46385** ئادەم قېتىم

يەتتىنچى پارچە خەت: «**21**-ئەسىردە ئەڭ ئېھتىياجلىق 7 خىل ئىختىساس ئىگىسى (**21**世纪最需要的 7 种人才)» ئېلان قىلىنغان ۋاقىت: **2008**-يىلى **5**-ئاي

سىنا بلوگىدىكى كۆرۈلۈش سانى: **233770** ئادەم قېتىم

«مەن ئۆگىنىمەن» تورىدىكى كۆرۈلۈش سانى (پۈتۈن قىسمى): **69826** ئادەم قېتىم

ئەسكەرتىش:

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار پەقەت دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ ئۆزى قۇرۇپ چىققان تور بېكەت «مەن ئۆگىنىمەن» تورى ۋە ئۇنىڭ سىنا تورىدىكى شەخسىي بلوگىدىكىلا سانلىق مەلۇمات، ئەمما مەزكۇر قاللەرنى باشقا تور بېكەتلەرگە كۆچۈرگەن بەتلەردىكى كۆرۈلۈش سانى بۇ قېتىمقى سانلىق مەلۇماتلار ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى.

دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ ماقالىلىرىنىڭ كۆرۈلۈش سانى شۇنچىلىك يۇقىرى، لېكىن بىزلەر بىرەر تور بېكەت قۇرۇپ بىرەر يىل ماقالە-ئەسەر يوللىساقمۇ دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدەك يۇقىرى زىيارەت قىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلالامدۇق؟ مېنىڭچە بۇنىڭ جاۋابى مۇجمەل قىلىپ ئېيتقاندا «ئاسان ئەمەس.» بولسا كېرەك. يۇقىرىقى ماقالىلەر شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىكەن، ئەمدى ئۇ بىز ئۇيغۇر مىللىتىگە يېتىپ كەلگەندە ۋاختى ئۆتتىمۇ؟ ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاختىدىنمۇ شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى دوكتۇر لى

كەيفۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتى، يەنى يەتتىنچى پارچە خېتى تېخى 2008-يىلى 5-ئايدا ئېلان قىلىنغان.

ئەجىبا بۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ بىزغۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىز ئاخىرلاشقاندا ئاندىن بۇ ماقالىلەرنى بايقاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن «نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئوقۇمىغاندىمەن.» دەپ پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمىغان ۋاقىتتا، «بىزنىڭ كەينىمىزدىكى تېخىمۇ كۆپ ئىنى-سىڭىللىرىمىزمۇ بىزگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلمىسۇن، ئەقەللىسى ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتىنى تىققان ئورەككە ئىككىنچى قېتىم پۇتىنى تىقمايدىكەن، شۇڭا بىزنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىمىزمۇ بىزگە ئوخشاش ئەگرى-توقايلىق باسقۇچنى باشتىن كەچۈرمىسۇن.» دېگەن ئۈمىدتە زور غەيرەتكە كېلىپ جاپالىق تەرجىمە قىلىپ چىققان ماتېرىياللار ئەمدى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بارغاندا ۋاقتى ئۆتتى؟ ئەگەر مۇشۇ كۇلكىلىك سۆزنى ئاشۇ دوكتور لى كەيفۇنىڭ ماقالىلىرىنى ھازىرمۇ ناھايىتى بېرىلىپ كۆرىدىغانلار ئاڭلىسا نېمە دەر ھە!!...

مەن بۇنىڭغىمۇ بوپتۇ دەپ، بۇ يىلدىن بىرى ئىشلەپ كېلىۋاتقان (خەنزۇچە ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، ئاساسەن تەرجىمە دېسەكمۇ بولىدۇ) « Microsoft Office Excel 2007 نىڭ رەسىملىك تولۇق ئۆگىتىش» دەرسلىكىنىڭ ئۇيغۇرچە ماتېرىيالىنىڭ بېسىپ چىقارغان نۇسخىسىنى بۇ بۆلۈم باشلىقىغا بەرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبى تېخىمۇ كۇلكىلىك بولۇپ چىقتى. ئۇ ماتېرىيالنى قولىغا ئېلىپ، مەندىن «سەن مۇتەخەسسىسمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن دەرھال «ياق، مەن مۇتەخەسسىس ئەمەس، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇ مەندىن يەنە «قايسى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى؟» دەپ سورىغان ئىدى مەن : «شەندوڭ ئۆلكىسى جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.» دەپ جاۋاب بەرسەم،

ئۇ «ئۇنداقتا سەن مۇتەخەسسىس بولماي تۇرۇپ، بۇ ماتېرىيالنى تۈزۈپ چىقتىڭمۇ؟» دەپ سوئال قويدى. مەن ئۇنىڭغا « مەن ھازىر خەنزۇچە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئۆگىنىۋاتىمەن، مۇشۇنداق ئۆگەنسەم مۇتەخەسسىسمۇ بولۇپ قالارمەن.» دەپ زەدە بىلەن جاۋاب بەردىم، ئۇ گېپىمنىڭ تىگىگە يەتمىدىمۇ قانداق پەرۋاسىزلا «ئۇنداق بولسا سەن مۇتەخەسسىس بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ماتېرىيالنى ئەكەل، بىز شۇ ۋاقىتتا نەشىردىن چىقرايلى.» دەپ مېنى يولغا سالدى. ئەلۋەتتە، بۇ بۆلۈم باشلىقى يەنە مۇنۇ سۆزنى قېتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى «سەن ئاۋال بىرەر ئەسەر يازساڭ، باشقىلار سېنى تونىسا ئاندىن سېنىڭ كىتابىڭنى ئوقۇيدۇ، ھازىر سېنى ھېچكىم تونىمىسا، كىتابىڭنى كىم ئوقۇيدۇ؟»...

ئەجىبا بۇنداق ماتېرىياللارنى چوقۇم مۇتەخەسسىسلەر تۈزۈشى شەرتمىكەن؟ بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىدىن قانچىلىك بولماقچىدى؟ بىزنىڭ ئاشۇ ساناقلىق مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ بۇنداق ماتېرىياللارنى تۈزۈشكە ۋاختى يەتمىگەن ئىكەن، بىزدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئازراق بولسىمۇ مۇشۇنداق ماتېرىياللارنى تەييارلاپ ئاساسى ئاجىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنساق بۇنىڭغىمۇ مۇتەخەسسىسلىك سەۋىيە كېرەكمۇ؟ بۇ خۇددى « كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى.» دېگەندەك گەپ بولدى-دە.

شۇڭا مەن ئۇ بۆلۈم باشلىقىغا زەردە بىلەن: «بولدۇ ئەمىسە، چەتئەلنىڭ ماتېرىيالى بولسا، ئاچقىپ تاشلىۋېتەي، ۋاختى ئۆتكەن ماتېرىيالنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاي، ماۋۇ ماتېرىيالنى مەن مۇتەخەسسىس بولغاندا قايتىدىن ئەكىلەي.» دەپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ ئەسنادا مېنىڭ ئىسمىگە

بولتۇرقى بىر ئىش كەلدى. بۇ دەل بولتۇر(2009-يىلى) 2-ئايدىكى ئىش ئىدى. مەن قىشلىق تەتىلنى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتىش يولىدا يەنە ئۈرۈمچىدە «كىتاب نەشىر قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق نىمە ئىشلارنى قىلىش كېرەك ۋە قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟» دېگەنلەرنى ئۇقۇپ باقاي دېگەن ئوي بىلەن «باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن (富爸爸提高你的财商)» ناملىق كىتابنىڭ تەرجىمە قىلىنغان (تېخى تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ بولۇنمىغان.) نۇسخىسى ۋە خەنزۇچە كىتابنى ئېلىپ شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا بېرىپ، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە كىردىم. بۇ يەردىمۇ بىر باشلىق مېنى كۈتىۋالدى، ئۇنىڭمۇ كۈتۈش ئۇسۇلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى باشلىق بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئۇمۇ ئەڭ ئەقەللى ئادەم قوبۇل قىلىش ئەخلاق ساۋادىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن ماتېرىيالنى ئېلىپ ئانچىكى ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كىيىن، ماڭا: «بۇنداق كىتابنى تەرجىمە قىلمەن دەپ ۋاختىڭنى ئىسراپ قىلىپ ئاۋارە بولغىچە بېرىپ ئويۇنڭنى ئوينىساڭ بولمامدۇ؟» دېمەسمۇ، مەن خاتا كىرىپ قالدىممۇ دېگەن ئويدا ئىشخانا ئىسمىغا قارىسام خاتا ئەمەس، دەل شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، ۋاھ قاراڭ، بۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ گېپىنى؟ قارىغاندا مەن بۇ ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلىپ خاتا قىلىپتىمەن-دە؟ ئۇنىڭچە بولغاندا مەن بۇنداق ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلمەن دەپ ۋاختىمنى ئىسراپ قىلىپ يۈرگىچە باشقا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك كۈندە كومپيۇتىر ئويۇنى ئوينىسام ۋاقتنى ئىسراپ قىلمىغان بولىدىكەنمەن-دە؟.............

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن يۇقىرىدا بىر قاتار ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم، ئەمدى سىز لىللا بىر گەپ قىلىپ بېقىڭچۇ؟ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدا

ئۈمىد بامۇ؟

بەلكىم مەن بۇنداق «ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.» دېسەم، بەزىلەر نەشرىيات ئىقتىسادقا مۇھتاج، بۇنداق كىتابلارنى نەشىردىن چىقىرىش ئۇچۇن ئىقتىساد كېرەك.» دەپ سوئال قويىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولسا مەن سىزدىن سوراپ باقاي، ئەگەر بۇنداق ھەر تەرەپلىمە ماتېرىياللار نەشىردىن چىقىرىلماي، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، نەشرىيات قانداق پۇل تاپىدۇ؟ ھازىر بىزنىڭ مىللىتىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، مىللەتتە ئاز-تولا ئويغىنىش بولىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ زادى نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدىغان ئىقتىسادقا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يېتىشكە باشلىدى، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا ئائىت كىتابلارغا نىسبەتەن ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىدا چوڭ ئۈمىد بار.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئالدىبۇرۇن نەشىردىن چىقىپ بولغان نەشر بۇيۇملىرىدىن مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچىمەن.

**2.** نەشىردىن چىققان كىتابلاردىن بىر كۆرۈنۈش

مەن بىر نەچچە كۈندىن بىرى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئاتاقلىق يازغۇچىمىز جالالىدىن بەھرامنىڭ يېڭى رومانى «تەكلىماكان ئوغلى» نى ئوقۇشنى تاماملىدىم. بۈگۈن مەن بۇ يەردە مەزكۇر رومانىنى ئوقۇغىنىمنى پەش قىلماقچى ئەمەس، لېكىن

بۇ رومانىنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى خوشال بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم.

خوشال بولغىنىم: يەنە دېسەم يەنە شۇ، مەن جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەقىقەتەن ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ تەبئىي، جانلىقلىقى قاتارلىقلار ھەقىقەتەن ھوزۇرلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

جالالىدىن بەھرام ئەسەرلىرىدە مەيلى تىل ئىشلىتىش جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يۇرۇتۇپ بېرىش، زىددىيەت تۇقۇنۇشلىرى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتە ھەقىقەتەن يۇقىرى ماھارەت ياراتقان.

ئەپسۇسلانغىنىم: مەزكۇر كىتابتا ئىملا خاتالىقى ھەقىقەتەن بەك كۆپ ئىكەن. مەن تۆۋەندە بۇ كىتابتىكى ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن جايلارنى ئەسلى جۈملە بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1.ئەسلى جۈملە: ئارقا تەرەپتىن قالايمىقان ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى قارتتىدا قىلپ تېپىرقاپ تۇرۇپ قالدى. (بىرىنچى قىسىم كىتاب 33-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: قىلپ

توغرىسى: قىلىپ

2. ئەسلى جۈملە: ھەي دېۋەڭ، چەپىلىقۇش، ئۆتكەندە دېدىمغۇ..... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 54-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: چەپىلىقۇش

توغرىسى: پەپىلىقۇش

3. دۈيجاڭ، - كامال مۇلايىملىق بىلەن بىلىندى،- ...... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 60-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: بىلىندى

توغرىسى: يىلىندى.

4. ـ ۋاي يۇك كەسكىن ئادەم، ـ دېدى هاشىم.....(بىرىنچى قىسىم كىتاب 86ـبەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ۋاي يۇك

توغرىسى: ۋاك يۇك

5. .....ئۆرۈك شېخىغا ئىپسىلغات سېۋەتكە توكتى...(بىرىنچى قىسىم كىتاب 112ـبەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئىپسىلغات

توغرىسى: ئىپسىلغان

6. ئەمسە ئىگەمبەردىكامنىڭ ياتقان-كۆرپىلىرىنى قالدۇرۇپ قويمىزما؟(بىرىنچى قىسىم كىتاب 119ـبەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ياتقان-كۆرپە

توغرىسى: يوتقان-كۆرپە

7. ئەمدى غېرىچ قالغاندا مەسىلە چىقىرىپ قويمىسىمۇن دەپ تاپىلىدى.(بىرىنچى قىسىم كىتاب 134ـبەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: قويمىسىمۇن

توغرىسى: قويمىسۇن

8. ۋاي يۇڭنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. (بىرىنچى قىسىم كىتاب 165ـبەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ۋاي يۇك

توغرىسى: ۋاك يۇك

9. چوك چاينەك چايدىن بىرنى بۇيرۇتتى. (بىرىنچى قىسىم كىتاب 168ـبەت)

ئـىملا خاتالـىقى كۆرۈلگەن سۆز: چاينەك

توغرىسى: چەينەك

10. چېيىگىـز كېلەمدۇ ياكى ياكى ئورۇن-يوتقاننى ئېلىپ كېلەيمۇ؟ (بىرىنچى قىسىم كىتاب 169-بەت)

ئـىملا خاتالـىقى كۆرۈلگەن سۆز: بىر «ياكى» سۆزى ئارتۇق بولۇپ قالغان

توغرىسى: چېيىگىـز كېلەمدۇ ياكى ئورۇن-يوتقاننى ئېلىپ كېلەيمۇ؟

11. ياتاق ئالدىدىكى ئېۋرىقتا يۈزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن......(بىرىنچى قىسىم كىتاب 174-بەت)

ئـىملا خاتالـىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئېۋرىقتا

توغرىسى: ئېرىقتا ( بۇ سۆزنى مەن يەرلىك شىۋىمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن بۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن ھەم ئۇچرىتىپ باقمىغان، شۇڭا خاتا بولىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.)

12. ماتىرىيال كۆرىۋاتقان ۋاڭ يۇك چۆچۈپ قارىدىم. (بىرىنچى قىسىم كىتاب 175-بەت)

ئـىملا خاتالـىقى كۆرۈلگەن سۆز: قارىدىم

توغرىسى: قارىدى (چۈنكى كامال ئىشكىنىمۇ چەكمەي كىرگەندە ۋاڭ يۇك ماتىرىيال كۆرىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ كاملىغان چۆچۈپ قارىدى.)

13. بىر چاينەك چاي بىلەن بەزىدە زاغرا، بەزىدە گىردە يەپ.....(بىرىنچى قىسىم كىتاب 177-نەت)

ئـىملا خاتالـىقى كۆرۈلگەن سۆز: چاينەك

توغرىسى: چەينەك

13. ئىشكاپقا سالدى-دە، قولۇپلاۋەتتى.(بىرىنچى قىسىم كىتاب 194-بەت)

ئـملا خاتالـقى كۆرۈلگەن سۆز: قۇلۇپلاۋەتتى

توغرىسى: قۇلۇپلىۋەتتى

14. چاۋار سېنى يوش قويىۋەتمەيدۇ. (بىرىنچى قىسىم كىتاب 219-بەت)

ئـملا خاتالـقى كۆرۈلگەن سۆز: يوش

توغرىسى: بوش

15. تامغا قۇلاق يېقىپ گۇدۇك-گۇدۇڭلاردىن باشقىسىنى ئاڭلىيالمىغان.... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 244-بەت)

ئـملا خاتالـقى كۆرۈلگەن سۆز: باشقىسىنى (دىققەت، بىر دىش كۆپ بولۇپ كەتكەن.)

توغرىسى: باشقىسنى

16. كېسىپ ئېيتىمەنكى ئۇ بىر ئىشپىرۇن! (بىرىنچى قىسىم كىتاب 265-بەت)

ئـملا خاتالـقى كۆرۈلگەن سۆز: ئىشپىرۇن

توغرىسى: ئىشپىيۇن

17. ئىگەمبەردىگە ئاپىرىپ بەر.... كۆرگەن بىلگىنىنى قويماي سۆزلە...(بىرىنچى قىسىم كىتاب 295-بەت)

ئـملا خاتالـقى كۆرۈلگەن سۆز: بىلگىنىنى

توغرىسى: بىلگىنىڭنى

18. بۇزۇق ئۇنسۇرنى قانات ئېلىپ.....(بىرىنچى قىسىم كىتاب 297-بەت)

ئـملا خاتالـقى كۆرۈلگەن سۆز: «قانات ئاستىغا ئېلىپ...» دىكى «ئاستىغا» چۈشۈپ قالغان

توغرىسى: بۇزۇن ئۇنسۇرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ.....

19. قېرى توغراقتا يېقىنلاشقانسېرى دېمى كېسىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى.....(بىرىنچى قىسىم كىتاب 308-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: كېسىلىپ

توغرىسى: قىسىلىپ

20. قۇمتام كەنتى قاپقاپنى ئېچىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى.(بىرىنچى قىسىم كىتاب 373-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: قاپقاپنى

توغرىسى: قاپقاقنى

21. ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىدىغان...... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 378-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئاستىن-ئۈستىن

توغرىسى: ئاستىن-ئۈستىن

22. خەت ۋە خەۋەرلەر ھەمە كۆڭۈل بولىدىغان.... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 379-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ھەمە

توغرىسى: ھەممە

23. قارىرىقۇيۇقلا تۇتۇپ سۇلايدۇ.... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 392-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: قارىرىقۇيۇقلا

توغرىسى: قاراقۇيۇقلا

24. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.... (بىرىنچى قىسىم كىتاب 444-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: مەنمۇ

توغرىسى: مەنمۇ

25. بۇ چاغقىچە ئۇ چوڭلارنى سەمرىتىپ كەلدىم..... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 550-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئۇ چوڭلارنى

توغرىسى: ئۇچىڭلارنى

26. ھېلى بۇ پۈتنى، ھېلى پۈتنى نۆۋەت بىلەن ئېگىز كۆتۈرەتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 567-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: «ھېلى بۇ پۈتنى، ھېلى ئۇ پۈتنى...» دېگى «ئۇ» چۈشۈپ قالغان.

توغرىسى: ھېلى بۇ پۈتنى، ھېلى ئۇ پۈتنى نۆۋەت بىلەن ئېگىز كۆتۈرەتتى.

27. يىغلىماڭ لەيلى، - لەيلى ئالقانلىرىدا قىزنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 574-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: لەيلى (لەيلى يىغلاشقا باشلىغاندا، كامال ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ھەم ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندا پەقەت كامال بىلەن لەيلىلا بار.)

توغرىسى: كامال

28. يېرىم يولدا گۈپپىدە يىقىلسا، كىممۇ ئېچىنمىسۇن؟ (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 585-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: يىقىلسا

توغرىسى: يېقىلسا

29. مەتسىدىق ئىنى، ماڭا تىگىشلىك بۆلنى بىرەي... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 658-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ماڭا (بۇ سۆزنى ئىگەمبەردى ئېيتقان بولۇپ،

ئۇ مەتسەدىقا پۇل بەرمەكچى، شۇڭا «ساڭا» دېيىش كېرەك، ياكى ئەگەر مەتسەدىق ئەگەمبەردىگە پۇل بېرىش شەرت بولسا جۈملە ئارقىسىدىكى «بېرەي» سۆزىنى «بەرگىن» گە ئۆزگەرتىش كېرەك.)

توغرىسى: ساڭا

30. جەۋلان ئاكام شۇ زاماتلا كېلىپ بولاتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 685-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: زاماتلا

توغرىسى: زامانلا

31. ئىگەمبەردىنىڭ قېيىننىسى بەردىقۇلىنىڭ .... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 688-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: قېيىننىسى

توغرىسى: قېيىنئىنىسى

32. كامالەت سىڭىلىلىرىنىڭ قىزى تۇرسا.... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 693-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: سىڭىلىلىرىنىڭ

توغرىسى: سىڭىللىرىنىڭ

33. ئەمدىلا گېزىت قەغىزىنى ئېلىپ ئوراپ دەپ تۇرۇشى..... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 700-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئوراپ (چۈنكى بۇ ۋاقىتتا هابىل نەشىنى قەغەزگە ئورىماقچى.)

توغرىسى: ئوراي

34. ئۇنىڭ پۇلتىسىپ چىققان كۆز قارچۇقلىرى..... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب

(713-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: پۇلتىسپ

توغرىسى: پۇلتىيىپ

35. پەپىلىقۇش دېۋەك...... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 717-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: دېۋەك

توغرىسى: دېۋەڭ

36. ھازىرغىچە ۋىلايەتلىك بىرىنچى تۈرمىدە تۇرۇۋاتاتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 734-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: تۇرۇۋاتاتتى

توغرىسى: تۇرىۋاتاتتى

37. قاتىللىق قىلىشقا ئاستىرتىن ئىس قويغانمۇ سەن. (ئىككىنچى كىتاب 753-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئاستىرتىن

توغرىسى: ئاستىرتتىن

38. جان قىيىدىغان قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 754-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: غالچىلارنىڭ

توغرىسى: غالجىلارنىڭ

39. چاۋار يەنە ئىككى باغلام پۇلنى چىقىرىپ بىرىدۇ... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 788-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: بېرىدۇ (بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدە ئىملا خاتالىقى يوق، لېكىن ئەسەر ۋەقەلىكى بويىچە ئويلىساق، بۇ ھەرگىزمۇ «چاۋار ئىككى باغلام

پۇلنى بېرىدۇ» ئەمەس بەلكى چاۋار ئىككى باغلام پۇلنى بەرگەندىن كېيىن قالغان بىر باغلام پۇلنى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بەرمەكچى. شۇڭا بىز «چاۋار ئىككى باغلام پۇلنى بەردى» دېيىشىمىز كېرەك.)

توغرىسى: بەردى

40. بىر قانچىلىگەن ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتاتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 802-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: قانچىلىگەن

توغرىسى: قانچىلىغان

41. ئۈنىڭدا ياداق ئات كەتمەيدۇ. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 812-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئۈنىڭدا (مەزكۇر سۆزنىڭ ئۆزىدە ئىملا خاتالىقى يوق، لېكىن جۈملە ئىچىدىكى ئورنىغا نىسبەتەن قوشۇمچە خاتا قوشۇلغان.)

توغرىسى: ئۈنىڭغا

42. ئۈنىڭ ئالدىدىن سالام-سەھەتسىز ئۆتمەيتتى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 819-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: سالام-سەھەتسىز

توغرىسى: سالام-سائەتسىز

43. ئەسكى ئىشلارغا سالىۋەردى. (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 837-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: سالىۋەردى

توغرىسى: سېلىۋەردى

44. «ئۇھ» دەپ يىنىڭ تىل ئالدى-دە..... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 849-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: تىل («ئۇھ» دەپ يىنىڭ تىن ئالدى، ھەرگىزمۇ

تـىل ئالدى ئەمەس.)

توغرىسى: تـىن

45. ساندۇقتىكى ئاياغنى ھاشىم ئۆزى ئالغان بولـدۇ-ھە! مانا بۇنىڭ .... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 899-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: بولـدۇ-ھە (مەزكۇر سۆزنىڭ ئۆزىدە ئىملا خاتالىقى يوق، ئەمما جۈملىدىكى ئورنىغا نىسبەتەن قۇشۇمچە خاتا قوشۇلغان. )

توغرىسى: بولـدۇ-دە

46. مەتسىدىقنى بىسىم، زورلار، قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۆلـۈپلىشقا مەجبۇرلىغان...... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 902-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: زورلار

توغرىسى: زورلاش

47. چاۋار، ئىگەمبەردى، ئىمىنلار ئىكى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قاچقاندا....(ئىككىنچى قىسىم كىتاب 919-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئىكى

توغرىسى: ئىككى

48. ئۇيىغا خۇرجۇن شۇنچىلىك ئېغىر يوك بولدىكى... (ئىككىنچى قىسىم كىتاب 968-بەت)

ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆز: ئۇيىغا

توغرىسى: ئۇنىڭغا

.......................

يۇقىرىدا مەن ئاتاقلىق يازغۇچىمىز جالالىدىن بەھرامنىڭ يېڭى رومانى «تەكلىماكان ئوغلى»نى ئوقۇش جەريانىدا ئۇچراتقان ئىملا خاتالىقلىرىنى كۆرستىپ

ئۆتتۇم، ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت مېنىڭ بايقىغانلىرىم، يەنە بارمۇ-يوق بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

مەزكۇر كىتابنى نەشرىدىن چىقارغان نەشرىياتلار: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتۇ سۈرەت نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن-سىن نەشرىياتى (نەشرىيات بىر ئەمەس ئىككى ئىكەن تېخى.) داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ رومانلىرىنى چىقىرىشتا نەشرىياتلىرىمىز مۇشۇنداق ئىملا خاتالىقىنى سادىر قىلسا، بۇ زادى كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى؟ ھازىر ئۇيغۇرچە كىتاب چىقىرىش تەس بولۇپ كەتتى دەپ قاقشايمىز-يۇ لېكىن مۇشۇنداق نەشرىدىن چىققان كىتابلىرىمىزنىڭ ئىملاخاتالىقلىرى بىزنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىملاسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلايلى.!!!!

مېنىڭ قانداقتۇر نەشرىياتچىلىقىمىزدىن قۇسۇر ئىزدەپ تاپقۇمۇ يوق، بولسىغۇ مەتبۇئات بۇيۇملىرىمىز ئادەمنى خوشال قىلغۇدەك( ئىملا خاتالىقى بىر كىتابتا بەش-ئالتە جايدا كۆرۈلسىغۇ مەيلى، لېكىن ئۈستىگە قارىساق بىر روماندا ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن سۆزلەر 45 تىن ئېشىپ كەتسە، مەنغۇ بەزى سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتتىم، ئۇلارنىڭ يەرلىك شىۋە ياكى ئەدىبىي تىل ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي ئامالسىز قىسقارتىۋەتتىم، بولمىسا بىرەر يۈزدىن ئېشىپ كېتەركەنتۇق. يەنە بىر سۆزنى كىتابتا ئىككى خىل ئىملادا ئالغان جايلارمۇ كۆپ ئىكەن، مەسىلەن، كىتابنىڭ بېشىدا «ئەيسايۇف» دەپ ئالغان ئىسىم كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئەسايۇپ» دەپ ئېلىنغان، يەنە نۇرغۇن سۆزلەردە خاتالىق بار دەپ قارايمەن. مەسىلەن، بىز مۇنۇ بىر جۈملىگە قاراپ باقايلى: « -ماقۇل ئانا، - كامال ئېغىر تىندى،- ھازىر يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىنغا كەتكەن كەنت كادىرلىرىنى قايتۇرۇپ كەلكىنى قۇمچاقارغا بارىمەن. (بىرىنچى قىسىم كىتاب 138-بەت)» مەن زادى بىلەلمىدىم، بىز بۇ

يەردىكى «كەلگىنى» دېگەن سۆزنى ئېغىز تىلىمىز بويىچە «كەلگىلى» دەيتتۇق، لېكىن مەزكۇر رومان‌دا بۇنداق جۈملىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىكەن. مەن زادى بىلەلمىدىم بىز زادى «كەلگىلى» دەمدۇق ياكى مەزكۇر كىتاب بويىچە «كەلگىنى» دەمدۇق؟ بىزنىڭ ئۆزۈندىن بىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئېغىز تىلىمىز قاچانلاردىن بىر بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنىك؟ بۇ سوئالنى بىز ئويلىنىپ باقساق بولىدۇ. چۈنكى بۇ كىتابتا بۇنداق ئىشلەتكەن جۈملىلەر ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، مېنىڭ ئۇلارنى بىرمۇ-بىر قايتا يېزىپ ئولتۇرۇشقا ۋاختىم يار بەرمىدى.)

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىن ئانچە چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ھازىر رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرچە شىنخۇا كىتابخانىلىرىنى ئارىلايدىغان بولساق، كىتابخانىلاردا ئاساسەن بىز ئىزدىگەن كىتابلىرىمىزنى تاپالمايمىز. ماتېرىيال مەنبەسى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. كىتابخانىلارغا كۆز يۈگۈرتسەك، كىتابخانىلىرىمىز ئاساسەن دېگۈدەك رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر قاتارلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەتكەن، باشقا ھەرخىل ئايلىق ژورنال ۋە پەسىللىك ژورناللىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئادەمنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرگىدەك ئەسەر يوق، پەقەت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كىتابخانىلاردىن قايتىپ چىقىشقا مەجبۇرى بولىمىز خالاس.

## 3. ئۇيغۇر شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

مەن ئالىي مەكتەپكە يېڭى چىققاندا ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېر ساۋادى بەك تۆۋەن بولغاچقا، ئۇرۇمچى يەنئەن يولىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىغا كىرىپ «كىتابخانىدا بىرەر پارچە ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر ساۋادى كىتابلىرى بارمىدۇر؟» دەپ كۆپ ئىزدەپ

كەتتىم، لېكىن مەن ئىزدىگەن كىتابلارنىڭ بىرەر تۈرىدىنمۇ ماتېرىيال كۆرۈنمەيتتى، مەن ئۆزۈم ئېھتىياجلىق كىتابلارنى تاپالماي ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم. ئىككىنچى يىلى تەتىلگە قايتقاندىمۇ يەنىلا كىتاب تاپالمىدى.

بىر قېتىم كىتابخانىنى ئارىلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز «بۆرە توتېمى (狼图腾)» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئۇچرىتىپ ناھايىتى خوشال بولدۇم، چۈنكى بۇ كىتاب ئېچكىرىدە ناھايىتى بازارلىق كىتاب ئىدى. كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ قارىغاندىن كېيىن خوشاللىقىم ناھايىتى تېزلا خۇددى مامكاپ گۈلى تۈزىغاندەك تۈزۈپ كۆپۈككە ئايلاندى، چۈنكى مەن بۇ كىتابنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ چۆچۈپلا كەتتىم، باھاسى **94.00** يۈەن ئىدى. بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ھەقىقىي نەشرىنىڭ توردىكى ئەڭ يۇقىرى باھاسىمۇ **32.00** ئىكەن. مەن شۇ ھامان ئويلاندىمدە، بۇنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقارغۇزغان ئادەم زادى نېمە قىلماقچى؟ كىتابنىڭ باھاسىنى مۇشۇنداق يۇقىرى بەلگىلەپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ھازىرقىدەك كۆپلىگەن كىشىلەر خەنزۇ تىلىدىن ساۋادىنى چىقىرىپ قوش تىل يۈنىلىشى بويىچە مەلۇم ساۋاتقا ئىگە شارائىتتا، بىر كىتابنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ باھاسىنى ئەسلىدىكىدىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىنمۇ يۇقىرى بىكىتىپ، بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرغۇچى قانچىلىك نەپ ئالالىغاندۇ؟ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە چۈشلۇق تەرجىمە قىلغان كىتابى خەلق ئاممىسىغا ئاز-تولا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزەلىگەنمىدۇ؟ بۇنداق يۇقىرى باھادا كىتاب تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى نەشردىن چىقىرىپ ئىسراپچىلىق قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟.....

مەن بۇلارنى ئويلاپ، ئۇ كىتابنى ئېلىش ئۈيۈمدىن يالتايدىم-دە، مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن خەنزۇچىسىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇشنى قارار قىلدىم. يەنە مەندەك

ئويلىغانلاردىن قانچىلىك باركىن تاڭ؟

مېنىڭچە بىر كىتابنى مىڭ بىر جاپادا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ باھاسىدىكى ئەسلى نۇسخىسى بىلەن بولغان پەرقىنى بۇنداق چوڭ قىلىپ باھا بېكىتىپ، ئەسلىدىنلا كىتاب ئوقۇش ئارزۇسى بار ئوقۇرمەنلەرنى ئۇنى سېتىۋېلىشتىن يالتايدۇرۇپ، ئۇلارغا «قولۇڭ يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.» دېگەن تۇيغۇنى بېرىپ قويسا، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

ئەمدى نەزىرىمىزنى مېنىڭ ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان «كىتاب كۆرمەيدىغان ئۇيغۇرلار ۋە كىتابخۇمار ئۇيغۇرلار» ناملىق يازمامدىكى مۇنۇ قۇرلارغا ئاغدۇرۇپ باقايلى.

«كىتاب كۆرمەيدىغان ئۇيغۇرلار» ناملىق ماقالىدە ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب كۆرمەسلىكىدىكى سەۋەبنى جانلىق پاكىتلار بىلەن شەرھىلەپ چىققان بولۇپ، ئاساسەن مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان(شەخسىي كۆز قارىشىمنى قوشۇپ رەتلەپ چىقتىم):

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار كىتابقا نىسبەتەن پەرۋاسىز ھالەتتە. يەنى، ئۇيغۇرلار كىتابقا قىزىقمايدۇ(كۆپ ساندىكى). ئۇلار كىتابنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمىگەن. كۆنلىرى دېگۈدەك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى(يېيىش، ئىچىش، كىيىش) بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلاردا پۇل يوق. كىتاب ئىلغا ئېلىنسا ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرۋاسىزلىق قىلىشى ناتايىن. كىتاب كۆرىدىغانلار(بىر قىسىم) مۇ بار. ئۇلار كىتاب كۆرۈشكە شۇنچىلىك ھەۋەس قىلىدۇ، لېكىن ئۇلاردا كىتاب سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق(شەخسەن ئۆزۈم مۇشۇ تۈرگە تەۋە). شۇڭا ئۇلار كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇلى

بولمىغاچقا كىتابخانىلارغا تىزىقلىق كىتابلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدۇيۇ لېكىن سېتىۋالالمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئوقۇغىلى كىتاب يوق. كىتابخانىلاردا تىزىقلىق كىتابلارنىڭ تۈرى ئاز، مەزمۇنى يېتەرسىز، سانى چەكلىك. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان. ئۇلارنىڭ باشقا تىللار(مەسىلەن خەنزۇ تىلى) دىن خەۋىرى بولمىغاچقا پەقەت ئۇيغۇرچە كىتابلارغىلا قاراشلىق بولۇپ قالغان. باشقا تىللاردىكى نادىر كىتابلاردىن پايدىلىنالمىغان. شۇڭا ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ، مول مەزمۇنلۇق كىتابلارنى يېزىپ چىقىشىنى ياكى باشقىلارنىڭ باشقا تىللاردىكى نادىر كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تەلمۈرۈپلا ئۆتىدۇ خالاس(«ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى» يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلى تەشكىللەنگەن) ۋە باشقىلار.........

ئۇنداق بولسا، ئەمدى مۇنۇ بىر قاتار سۇئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى:

1.ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن كىتاب كۆرمەيدۇ؟

2.ئۇيغۇرلار راستىنلا كىتاب كۆرمەيدىغان (كىتابقا قىزىقمايدىغان) مىللەتمۇ؟

3.ئۇيغۇرلار راستىنلا چەتئەلنىڭ كىتابلىرىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟

4.دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ «جوڭگۇلۇق ئوقۇغۇچىلارغا يېزىلغان خەت» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرى راستىنلا ۋاختى ئۆتكەن ماتىرىيالمۇ؟

5.مەن «Microsoft Office Excel 2007» نىڭ رەسىملىك تولۇق ئۆگىتىش» نى تەييارلاش ئۈچۈن چوقۇم مۇتەخەسسىس بولۇشۇم كېرەكمۇ؟ مەن بۇ سەۋىيەنى ھازىرلىشىم شەرتمۇ؟

6. ........................

ئەمدى يەنە مۇنۇ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى:

1. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ھېلىقى بۆلۈم باشلىقى نېمە ئۈچۈن مەن ئېلىپ كىرگەن تەرجىمە ماتېرىياللىرىغا شۇنچە كۆلكىلىك سەۋەبلەرنى قويۇپ مېنى ئۈمىدسىز قالدۇردى؟

2. بىزنىڭ ئۇيغۇر نەشرىياتلىرىمىز ئىقتىسادقا ئائىت، تېخنىكىلىق بىلىملەر، ئىلمى ماقالىلەرنى نەشىردىن چىقارسا راستىنلار بازىرى بولمامدۇ؟

3. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ماتېرىيال تەرجىمە قىلىمەن دەپ ۋاختىمنى «ئىسراپ» قىلىپ يۈرمەي ئۆيۈمنى ئوينىشىم كېرەكمۇ؟

4. ...



سوئاللار مانا مۇشۇنداق يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلىۋەرسە، بۇنىڭ جاۋابىنى زادى كىم بېرىدۇ؟ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، ئاخىرى زىيان تارتىدىغىنى زادى كىم؟ «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم بېشىڭدا.»

بىز ھەممىمىز جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ غايەت چوڭ دەرەخنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىمىز. بىز جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ دەرەختىن ئوزۇقلۇقنى ئېرىشىمىز ۋە ياشىرىپ، ھاياتى كۆچكە تولىمىز. بىز بىزنىڭ يىلتىزىمىز مىللەتتىن ئىبارەت. پەقەت ئاشۇ يىلتىز مۇستەھكەم بولسىلا بىز تېخىمۇ ياخشى ئايىنىپ، تېخىمۇ

ئۈمىدۋار بولۇپ، تۇلۇپ تاشقان ھاياتى كۈچكە تولىمىز. بىز يۇپۇرماق ھالەتتىن تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ، شاخقا ئايلىنىمىز. بۇ شاخنى كۆكلەتكۈچى دەل بىزنىڭ مىللەتتىن ئىبارەت يىلتىزىمىزدۇر. شۇڭا بىز مىللىتىمىزگە مەسئۇل بولىشىمىز كېرەك. مىللەتكە مەسئۇل بولۇشتا ھەر بىر ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

بىزنىڭ نەشرىياتچىلىرىمىز ئەگەر داۋاملىق بۇنداق بازارنى قوغلىشىپ كىتاب نەشر قىلسا، تۇرمۇشتا ئەڭ ئېھتىياجلىق ماتىرىياللارنى نەشر قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمىسە، بىز بۇنىڭدىن كېيىن كىتابتىن قوبۇل قىلىدىغان مەنىۋىي ئوزۇقىمىزنىڭ مەنبىيى ئۈزۈلۈپ قالسا، بىزنىڭ يەنە نەشرىياتلاردىن ئۈمىد كۈتۈشىمىز دۇرۇسمۇ؟ شۇڭا نەشرىيات رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئالاھىدە سەگەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇھىم رولىنى تۇلۇق تونۇپ يېتىپ، ھە دېسىلا پوقتا ياماشقا چۈشىدەك ھەممىسى رومان، پوۋېستقىلا دۈم چۈشمەي، ھەر خىل ژانىردىكى كىتابلارنىڭ نىسبىتىنى ساقلاپ، تەڭپۇڭ ھالەتتە ھەممىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئەگەر نەشرىياتلار ھېلىقىدەك «بىز بۇنداق كىتابنى نەشردىن چىقارساق بازار تاپالمايدۇ، خەق ئوقۇمايدۇ.» دەپ ئىقتىساد تۇرىدىكى ۋە باشقا تېخنىكا تۇرىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىشقا سەل قارىسا، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ بازاردا پايپاق ساتىدىغانلار بىلەن نېمە پەرقى، ئەقەللىيسى، قاراڭغۇ بازاردا پايپاق ساتىدىغانلار بازارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مال كىرگۈزۈپ ساتىدۇ. لېكىن نەشرىيات ئورۇنلىرى بولسا ھەممە ئادەم خالىغىنىچە قۇرىۋالىدىغان ئورۇن ئەمەس، ئۇ پەقەت دۆلەت ھوقۇق بەرگەن كىشىلەرلا مەشغۇلات قىلالايدىغان ئورۇن. شۇڭا بىزنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە قانۇنى ھوقۇقىدىن ياخشى

پايدىلىنىپ، كۆپرەك خەلق ئۈچۈن نادىر، تۈرى مول بولغان كىتابلارنى نەشىردىن چىقىرىپ خەلقىمىزنىڭ كىتابقا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تىرىششى كېرەك. نەشرىيات ئورۇنلىرى ھەرگىزمۇ پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاخىرىدا مەن ماقالەمنى ئاتاقلىق تىل تەتقىقات ئالىمى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكىمىزنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

يازغۇچى يولداشلاردا ئانا تىل توغرىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇچى بولسا ياخشى بولاتتى. ئۇيغۇر تىلىغا مەسئۇل بولغاندىلا ئۇيغۇر تىلىنى يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى قوش تىل مائارىپى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئانا تىل ئوقۇتۇشنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بىزنىڭ ياشلاردىن كۈتىدىغىنىمىز، ئۆز-ئۆزىنى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. ئۆزىنى تونۇش بىلىمدىن كېلىپ چىقىدۇ، بىلىمگە تايانمىغان تونۇش ھېسسىي تونۇش بولىدۇ.

توغرا، ھەر قانداق مىللەتتە يامان خۇي، ئىللەتلەر بولىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا «نادانلىق جاھىللىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.» دەيدۇ. ياشلار مىللەتنى روناق تاپقۇزىمىز دەيدىكەن جىقراق ئوقۇسا، ئۆگەنسە بولىدۇ. بىز ئوقۇغاندا كىتاب-ماتېرىيال يوق ياكى بەك ئاز ئىدى. ھازىر ماتېرىياللار تولا، لېكىن ئۆگەنمەيدۇ.

ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ غورۇرىنى تىكلىشى كېرەك. بىز مەيلى قەيەرلىك بولايلى «مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟» دەپ ئويلىشى كېرەك. نادانلارنىڭ قارىشى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. ئازراق مەنپەئەتنى كۆرسىلا ئۆزگىرىدۇ. بىزنىڭ مىللەت قارىشىمىز ئىنتايىن سۇس، ياشلار ھەتتا كىلاسسىك مۇزىكىلىرىمىزنى ئاڭلىمايدۇ. نېمىشقا ئىكەنلىكىنى سورىسىڭىز

«چەشەنمىسەك.» دەيدۇ. بىز تىل مەسلىسىنى ئالساق، ئۇچرىغان ئاتالغۇلارنى قايسى قۇرال كىتابلارغا ئاساسلىنىپ توغرىلىشىمىز كېرەك؟ بىزدە ئۆلچەم قىلغۇدەك كىتاب يوق. لوغەتلەرنى تۈزىۋاتىمىز، ئۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمىز، خاتا قوللانغانلارنى ھېچكىم ھېچنىمە قىلالمايدۇ. تىلنىڭ ئۆزى بىر زىمىن. بىزدە، ھازىر تىلنى ئادەتكە تارتىدىغان خاھىش بار. چۈنكى ئۇلار خاھىشنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. ئىملا قائىدىسىنى مورفولوگىيىلىك پرىنسىپقا تەس ئەكەلدۇق، يېزىقتا سۆزلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى-غولنى ساقلاپ قېلىش، جانلىق تىلغان ئەگىشىپ كەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ياشلار ئانا تىلنى قەدىرلىشى، پىششىق ئۆگىنىپ توغرا قوللىنىشى، ئۆز غورۇرىنى تىكلىشى كېرەك.

- مىرسۇلتان ئوسمانوۋ

شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ماقالە ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ يەردە تاماملاندى، ئەگەر پۇرسەت بولسا مەن يەنىمۇ ئىزدەنگەن ھالدا ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىپ ئويلىغانلىرىمنى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىششقا سۇنىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت

2010-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى